# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى بايىنبۇلاقلىقلار

خو. بادە

1945 - يىلى 15 - مارتتا، چوڭ يۇلتۇزدىكى ئۇلانخاد جېڭىدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى شۇ چاغدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يۇلتۇز ناھىيىسىنى قۇرۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزدى. يۇلتۇز ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ھېسابىدا 1945 - يىلى مارتتىن 1950 - يىلى سېنتەبىرگە قەدەر بايىنبۇلاق يايلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1944 - يىلدىن ئىلگىرى، بايىنبۇلاقتا تەۋە چوڭ يۇلتۇز بىلەن كىچىك يۇلتۇز خېجىڭ، يەنجى ناھىيىلىرىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ۋە كۈزلۈك يايلاقلىرى ئىدى. چارۋىچىلار قىش ۋە ئەتىيازدا ئولتۇراقلىشىپ، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ياز كىرىشى بىلەنلا چوڭ يۇلتۇز ۋە كىچىك يۇلتۇزدىكى يايلاقلارغا يۆتكىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چوڭ يۇلتۇز بىلەن كىچىك يۇلتۇزدا ئەسلىدىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 6000 دىن ئارتۇق موڭغۇل بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بارۇن خوشۇنىدىن، بىر قىسمى ساتىن خوشۇنىدىن، ئاز قىسمى شەبىنەر ۋە دۆنۇر خوشۇنىدىن ئىدى.

## زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بار

بايىنبۇلاق يايلىقى تيانشاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز ۋە سوغۇق جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت پەسىلدىكى ھاۋارايى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى ئېنىق ئەمەس. تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، بۇ جاي نۇقۇل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلىقمۇ ھاۋارايىغا بېقىنىشلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا ئىدى. يەنە كېلىپ قاتناش-ترانسپورت قىيىن. ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سانائەت بۇيۇملىرى دىس ئىدى. چارۋا مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا ئەچىقىپ ساتقىلى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى يۆتكەپ ئەكەلگىلى بولمىغانلىقتىن،

خەلق ئاممىسى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تېرە كىيىم كىيەتتى. گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلاتتى. ئاشلىق بەكمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا، چارۋىچىلارنىڭ تەگىدىن تولىسى ئاچ‌-زېرىن ئۆتەتتى.

مۇشۇنداق نامرات ۋە قالاق جايدا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى، تەن سالامەتلىكىنىڭ ئىنتايىن ناچار بولۇشى، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 40 ياشقىمۇ يەتمەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالغىمۇ قارىماستىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ يەردىكى خەلقنى سىياسىي جەھەتتە ئېزىشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرمايتتى. ئۇلار تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ، ئەسكەر تۇتۇپ، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورايتتى. ياش چارۋىچىلار يا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلەتتى، يا شىكىشىكشىيا، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلارغا تاشيول ياساشقا ھايداپ كېتىلەتتى. تۇتۇپ كېتىلگەن ئادەملەرنىڭ تولىسى قايتىپ كېلەلمەيگەنلىكتىن، ئائىلىلىرى خانىۋەيران بولۇپ، خوتۇن - بالىچاقىلىرى سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا يىلدا بىر قېتىمدىن يايلاق بېجى ئېلىناتتى ۋە باج نىسبىتى % 10 نى ئىگىلەيتتى، يەنى 100 قويدىن 10 قوي باج ئېلىناتتى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى چارۋىچىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، يەنى يىلىغا ئۈچ قېتىم يايلاق بېجى ئالىدىغان بولدى. پەرلىك خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، باج - سېلىققا قارشى، ئاچارچىلىققا قارشى نۇرغۇن كۈرەشلەرنى قىلدى. لېكىن بۇ كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. شۇ چاغدا يايلاقتا «غۇنچە ئەخمەق» دەيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ يالغان سارالڭ بولۇۋېلىپ، گومىنداڭنى تىللايدىغان ناخشىلارنى ئېيتاتتى. بۇمۇ بىر تۈرلۈك كۈرەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئامما ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان ئىدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتا ئاساسەن ساقچىلارغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى ساقچىلار ئارقىلىق باستۇراتتى. ئۇلار بايىنبۇلاقتا ساقچى پەيچۇسوسىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاخبارات توپلايتتى، پايلاقچىلارنى يېتىشتۈرەتتى. نارازىلىق كەيپىياتتا بولغان كىشىلەرگە يا تۆھمەت چاپلاپ، قويلاتتى، تۇرۇپ - تالاپ ھاقارەت قىلاتتى؛ يا ئۇلارنى تۈرمىگە قاماپ، قىيىن - قىستاق قىلاتتى، دەرت - ئەلەمگە چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق پەيتتە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت

خەلقىنىڭ ئىنقىلاب قوزغىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ يەردىكى خەلق بۇ
ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئىلھاملاندى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت بەكمۇ جىددىي
ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كىشىلەر قانداق قىلىش توغرىلىق غۇلغۇلا قىلىشاتتى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە ئاقساقاللاردىن ساغانمەيرىن ،
چياڭ زىدې ، يىڭكىڭ لاما ③، ئاراۋۇزدە ، دورجى ئارامەيرىن قاتارلىق
كىشىلەر مەخپىي يىغىن ئاچتى ۋە چياڭ زىدېنى ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش
ئۈچۈن ئىلىغا ئەۋەتتى. 1944 ـ يىلى نويابىر ئېيىدا، بايىنبۇلاق ياپىلىقىدا قاتـ
تىق سوغۇق بولۇپ كەتكەچكە، يىراق سەپەرگە چىقىش ناھايىتى تەس ئىدى. شۇنـ
داقتىمۇ چياڭ زىدې ئۆزى يالغۇز كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق يول يۈرۈپ ئىلىغا ناھـ
يىسىنىڭ كوكخوتىغىر دېگەن يېرىگە بېرىپ، قەدىناس دوستى سامتونگەشكۇ بىلەن كۆرۈشـ
تى. سامتونگەشكۇ ئۇنى دەرھال شۇ چاغدىكى ئىنقىلاب باشلىقى پاتىخ باتۇرغا تونۇشـ
تۇردى. چياڭ زىدې بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ناھايىتى زور روھىي ئىلھام ئېلىپ،
ئىنقىلابتا قوراللىق كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى
بىلىۋالدى. ئۇ ماددىي جەھەتتىنمۇ ياردەمگە ئېرىشىپ، يەنى بىر نەچچە تال چوڭ ـ
كىچىك قورالنى ئېلىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تېزلا بايىنبۇلاق ياپىلىقىغا قايـ
تىپ كەلدى. چياڭ زىدې ساغانمەيرىن، يىڭكىڭ لاما، دورجى ئارامەيرىن، ئاراگۇزدە
قاتارلىق ئاقساقاللار ۋە يۇرتىغا قايتقان زىيالىيلاردىن نىمە ، بوتۇ ، ھەربىيـ
دىن چىققان شۆگە ⑨ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن باش قوشۇپ، ۋەزىيەت ھەم قارشى
تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي،
ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە
قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

نىمە بىلەن شۆگە بىرى چوڭ يۈلتۇزغا، بىرى كىچىك يۈلتۇزغا بېرىپ ئاممىغا
ۋەزىيەتنى چۈشەندۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە كىشىـ
لەرنى ئازابقا چىداپ ئولتۇرماي، قوزغىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈـ
رەش قىلىشقا چاقىردى. بۇ ۋاقىتتا، كەڭ چارۋىچىلار موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، توققۇز
تارا ناھىيىلىرىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچى ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ
بايىنبۇلاق ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بايىنبۇلاقتىكى پەيچۇسو
ساقچىلىرىنىڭمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن
ئىدى. مۇشۇنداق كىشىنى خۇش قىلىدىغان ۋەزىيەتتىن ئىلھاملانغان چارۋىچى ئامما
قوللىرىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا بەل
باغلىدى.

# ئۇلانخاد جېڭى

گومىنداڭنىڭ باينبۇلاقتا تۇرۇشلۇق ساقچى پەيچۇسى خېجىڭ ناھىيىسىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى كاتتىباشلار قاتتىق ئەيمەنمىدى. گومىنداڭ قارا شەھەر مەھۇردى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى زوشۇپىڭ بىلەن ئامانلىق ساقلاش سانگبۇسى ئۇلارنى دەرھال باينبۇلاققا قايتىپ بېرىپ ئامانلىقنى ساقلاشقا بۇيرىدى. بۇيرۇق ئالدىدا ئامالسىز قالغان پەيچۇسو باشلىقى سودمۇن بىلەن جۇشۇنگۇەن پەيچۇسونىڭ ئەسلىدىكى خادىملىرىنى ئېلىپ، قورال - ياراقلىرىنى كۆپەيتىپ، 128 - لۇي 383 - تۇەندىن چىقىرىلغان بىر پەي ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا دالىن داۋىنى ئارقىلىق جاپالىق يوللارنى بېسىپ، ئەرۇڭ رايونىدىكى ئۇلانخادقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا چارۋىچىلارنى قاخشىتىپ، ئۇلاردىن چېدىر، قوي - كالا ۋە ئات - ئۇلاق يىغىشقا باشلىدى. ئەمما سەللا ئۇنىمسا ياكى قارشىلىق قىلسا، ئۇلارنى يولسىزلىق بىلەن ئۇردى - سوقتى، ھەتتا ئېتىپ ئۆلتۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇقلىرى نەتىجىسىدە، بىر مەھەل تىنجىپ قالغان ياپلاقنىڭ ۋەزىيىتى يەنە قايتىدىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

1945 - يىلى 15 - ئاپرېلدا، چياڭ زىدى ۋە شۆگە باشچىلىقىدىكى چارۋىچى پارتىزانلار ئۆزلىرىنىڭ ئارانلا ئون نەچچە تال ئوق مىلتىقى، بىر نەچچە دانە قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغانلىقىغا قارىماستىن، گومىنداڭ پەيچۇسىسىنى بىر كېچە قاتتىق قورشىۋېلىپ ۋە ئىككى سائەت تازا كېلىشتۈرۈپ يوقىتىش جېڭى قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇلار جەڭ داۋامىدا بىر مۇنچە دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى، ئون نەچچە ئادەمنى ئەسىر ئالدى. نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە بىر چارۋىچى پارتىزانلار دۈيى، گومىنداڭنىڭ 60 نەچچە ئادىمى بولغان بىر پەيچۇسىسى بىلەن بىر پەي ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتالىدى؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، بىرىنچىدىن، يەر شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغان چارۋىچىلار ئېگىزلىككە چىقىۋېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، گومىنداڭنىڭ پۇلىموتلىرى ۋە گراناتلىرى قىلچە كارغا يارىماي قالدى. ئىككىنچىدىن، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى مەرگەن بولۇپ، بىرتالمۇ ئوقنى زايە قىلمايتتى. شۇڭا، گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى ئۆلگىدەك قورقۇپ كەتتى. غەلىبە خەۋىرى تېزدىنلا پۈتۈن ياپلاققا تارقىلىپ، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. پارتىزانلارنىڭ جاسارىتى ئاشتى ھەمدە دۈشمەننىڭ قورال - ياراق، ۋە ئوق - دورىلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇردى.

## خېچمەك ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش دۈيى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى

ئۇلانخادتىكى يوقىتىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، دۈشمەنلەر ساراسىمگە چۈشتى. ئۇلار موڭغۇللارنى موڭغۇللارغا سېلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كونا تۇرغۇت ئايمىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، مانىكجاپ خەنۋاڭنىڭ رەپىقىسى ۋۇجىگىبىنى [1] ئايماق باشلىقى، قوشۇمچە خېچمەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى، ئەردېنىنى [1] مۇئاۋىن ئايماق باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە خېچمەك ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش دۈيىنى قۇرۇپ، داخېتىيەن (موڭغۇلچە ئىسمى داۋا) [1] نى دۈيجاڭ، باسىننى مۇئاۋىن دۈيجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار ئامانلىق ساقلاش دۈيىگە ئاللىقاچان شاللىنىپ كەتكەن بىر ئاتار، يەتتە ئاتار، توققۇز ئاتار ۋە ماۋزېرغا ئوخشاش ئۇزۇن - قىسقا قوراللاردىن بىر نەچچە يۈز تالنى يىغىپ، ئەسكەردىن بىر نەچچە يۈزنى تۇتۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى مەقسىتى مەخسۇس ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇلتۇزدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى يوقىتىش ئىدى.

ئامانلىق ساقلاش دۈيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال بۇ تەشكىلىنىڭ باشچىلىقىدا كىچىك يۇلتۇزدىكى بۇرغۇستە دېگەن جايغا بىر پەي ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇ يەردە قىشلاپ قالغان ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈك موڭغۇل ئاھالىسىنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاپ جاغىستاي داۋىنىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا، يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشىدىكى مەقسىتى بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ چوڭ يۇلتۇز تەرەپ بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كۆپەيتىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. بۇ چاغدا ھاۋا سوغۇق، چوڭ ماللار ئورۇق، ئۇششاق ماللار ئەمدىلا قوزىلاشقا باشلىغانلىقتىن، كۆچۈش داۋامىدا چارۋا ماللار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى. شۇ يىلقى قوزىلار پۈتۈنلەي ئۆلۈپ تۈگىدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچراپ، خەلق تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە يەرلىك خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

1945 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داخېتىيەن، باسىن باشلىقىدىكى موڭغۇل ئامانلىق ساقلاش دۈيىنىڭ ئۈچ يۈز نەچچە ئەسكىرى كىچىك يۇلتۇزدىكى ئۆزگەن ئادىرىك دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ، يۇلتۇز رايونىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى

يوقاتماقچى بولدى. موڭغۇل ئامانلىق ساقلاش دۈيىدىكى موڭغۇل ئەسكەرلەر خېجىڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بولۇپ، ھېچقانداق ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى قالاق، ئوق-دورىلىرى قىس ئىدى، ئارقا سەپ تەمىناتى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ تاغقا چىقىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان يەرلىك خەلققە ئالۋان-ياساق سېلىپ، چېدىر، ئات-ئۇلاق ۋە قوي-كالا يىغقىلى تۇردى. ئەسلىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق دانا ئەمدى تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئامانلىق ساقلاش دۈيىگە چېدىر بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر چېدىردا ئىككى-ئۈچ ئائىلە قىستىلىپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەرلىك خەلققە مۇشۇنداق ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئامانلىق ساقلاش دۈيىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ يەرلىك خەلققە ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نارازىلىقى كۈچەيدى.

ئامانلىق ساقلاش دۈيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى باسىن كونا ھەربىي بولۇپ، ئىلگىرى لېيەنجاڭ بولغان ۋە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ھەمدە دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى چوڭ يولتۇزدا ئولتۇراتتى، بىر ئۇكىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مەلۇم دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلاتتى، بولۇپمۇ قورال-ياراقلىرى ناھايىتى ناچار بولغان ئامانلىق ساقلاش دۈيىدىكى ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن ۋە جەڭ قىلىش تەجرىبىسى يوق دېھقانلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئەھۋالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يولتۇزدىكى كۈچلىرىنى يېڭىشىگە ئۇنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. شۇنىڭدەك، گومىنداڭنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزگىن ئادرىككە يېتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ ساغانىمەيرىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇھىم ئىش توغرىلىق سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ساغانىمەيرىن باسىننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، 25-ئاپرېل كۈنى كېچىدە تەكلاغمىندا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. باسىن ساغانىمەيرىننىڭ مەخپىي خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپنى رازۋېتكا قىلىش باھانىسى بىلەن ئون نەچچە يېقىن ئادىمىنى باشلاپ بېرىپ بەلگىلەنگەن جايدا ئۇچراشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى ئامانلىق ساقلاش دۈيىنى مۇھاسىرىگە ئالدىغان، باسىن باشچىلىقىدىكى ئامانلىق ساقلاش دۈيى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، تەسلىم بولۇپ ھەقىقەتكە قايتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. مۇشۇ

قارارغا ئاساسەن، يولتۇز ناھىيىسىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى 10 - ماي كۈنى كېچىدە ئامانلىق ساقلاش دۈيىنى مۇھاسىرە قىلدى. تاڭ سەھەر ۋاقتىدا بىراقلا تۆت ئەتراپتىن ئوق چىقىرىپ ۋە چوقان سېلىپ ھەيۋە كۆرسەتتى ھەمدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئامانلىق ساقلاش دۈيىدىكىلەرگە توۋلاپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مۇئاۋىن دۈيجاڭ باسىن پەيدىن يۇقىرى باشلىقلار يىغىنىنى ئېچىپ: بىز ھەممىمىز موڭغۇل. ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بار. بىر-بىرىمىزنى قىرغىن قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن. ئىنقىلابىي كۈچلەرگە تەسلىم بولۇپ. قوراللىرىمىزنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتايلى. دېدى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ھەقىقەتكە قايتتى. كاپىتان شۆگە ئامانلىق ساقلاش دۈيىدىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىشقا چاقىرىپ. ھەقىقەتكە قايتقان قېرىنداشلار قوراللىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىدىغانلا بولسا. ئۇلارغىمۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان باشقا قېرىنداشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەگەر بەزىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىشنى خالىمىسا. مۇندىن كېيىن پەقەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن دۈشمەنلەشمىسىلا. يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلىدۇ. دېدى. نەتىجىدە ئامانلىق ساقلاش دۈيىدىن ئىككى يۈز نەچچە ئادەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. يەتمىش نەچچە ئادەم دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتتى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ خېجىڭ ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش دۈيى پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ تۈگىدى.

بۇ چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يولتۇز ناھىيىسىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئەسلىدىكى يۈز نەچچە ئادەمدىن ئۈچ يۈز نەچچە ئادەمگە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىمدا تۆت لېيىن تەشكىل قىلىندى، ھەقىقەتكە قايتقان باسىن قاتناش لېيىنىڭ لېيىنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى: مۇشۇ يەرلىك بومبۇشا [1] پولىموت لېيىنىڭ لېيىنجاڭلىقىغا؛ غالدىن زالىڭ [2] بىرىنجى لېيىنىڭ لېيىنجاڭلىقىغا. تومۇرزالىڭ [3] ئىككىنچى لېيىنىڭ لېيىنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. سابىق ئامانلىق ساقلاش دۈيىنىڭ پەيجاڭلىرىمۇ ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ پەيجاڭلىرى بولۇپ تەيىنلەندى. جەڭچىلەرگە قوشۇندىن يېڭى ھەربىي كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. بىر قىسىم كونا قوراللار كېرەكسىز قىلىنىپ، يېڭى قوراللار تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

گومىنداڭ ئامانلىق ساقلاش دۈيى ئىنقىلاب تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆزگەن ئادرىك دېگەن جاينى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان كۈننىڭ ئەتىسى، ئىلگىرى مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كېتىلگەن ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈك چارۋىچى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۈچ كېچە- كۈندۈز جاپالىق يول يۈرۈپ چوڭ يۇلتۇزغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يار- بۇرادەرلىرىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغان بۇنداق ھەرىكىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەت قىزغىن ئالقىشلىدى .

## يۇلتۇز ناھىيىلىك ئىنقىلابى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى

ئۆزگەن ئادرىك غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، يۇلتۇز ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. چىياڭ- زىدي ھاكىملىققا، ساغانەيردىن مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بوتۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. ئىككىنچى يىلى باراتوۋ مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەندى (بۇ كىشى ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلمىدى). ناھىيە دەرىجىلىك باشقا ئاساسي ئورگانلارنىڭ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: يۇلتۇزناھىيىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يىڭگېڭ لاما ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، نىمە مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، باسىنخارا ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، بىر يىلدىن كېيىن. باسىنخارا كېسەل بولۇپ قالغاچقا، خىزمىتىدىن يۆتكىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا زوردۇن ئاخۇن ئىدارە باشلىقى بولدى. كېيىنچە ئىلگىرى، كېيىن بولۇپ نادىمرا جۇماي قاتارلىقلار ئىدارە باشلىقى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماق دۈيى قۇرۇلدى، بۇدۈيدە 20 نەچچە جەڭچى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككى پەيچۇسو قۇرۇلۇپ، دالىن داۋان پەيچۇسوسىغا دەيجە سوجاڭ بولدى، كۈيكىتىك داۋان پەيچۇ سوسىغا شۇلاراشى سوجاڭ بولدى .

يۇلتۇز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بىر نەچچە يىل ئىچىدە خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانلىقتىن، يەرلىك موڭغۇل خەلقىنىڭ ئىشەنچىگە سازاۋەر بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئاساسلىقلىرى :

بىرىنچى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاممىنى سىياسىي جەھەتتە ئېزىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، خەلقنى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكتىن

ئەخرۇم قىلىپ قويغاچقا، خەلق تۇرمۇشتا ئىنتايىن نامراتلىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە بەكمۇ قالاقلىشىپ، يېرىم ئاچارچىلىقتا ياشايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1945-يىلىدىن 1946-يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە چارۋىچىلىق بېجىنى ئالماسلىقنى قارار قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار-يۆلەك بولدى. بۇ بەلگىلىمە خەلقنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

ئىككىنچى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بايىنبۇلاق خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلغانلىقتىن، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ تۇز، سەرەڭگە، چاي قاتارلىقلار قىسلىشىپ كېتىپ، خەلق تۇرمۇشىدا ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەن ئىدى. مۇشۇنداق ئېغىر مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇلتۇز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇردى. ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ خۇسۇسىي چارۋا ماللار ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قورغاس ۋە سومبە ئېغىزلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە سودا ئالاقىسى قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تۈرلۈك ماللار ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كىردى. بولۇپمۇ تۇز، سەرەڭگە ۋە چاي قىسلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. كۆپلەپ خۇرۇم پەلتو، ئاياق كىيىم، شىلەپە، رەخت، قەنت قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بارۇن، ساتىن، شەبىنەر، دۆنۇر قاتارلىق تۆت خوشۇننى ئەسلىگە كەلتۈردى. يېزا-كەنت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، خەلق دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇرۇن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا چىققانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان تېپىلغان بايرىمىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى نادوم پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بايىنبۇلاقتا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، شى لەنخۇا مۇدىر، ئانغا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئوقۇتقۇچىلار-

نىڭ سانى ئون نەچچىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يۈز نەچچىگە يەتتى. بۇ، بايىنبۇلاق يايلىقىنىڭ تارىخىدا چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1946 - يىلى كۈزدە، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆبە دېگەن يېرىدە ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان ۋە يېتىم ئوقۇيدىغان بىر موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ (موڭغۇل مەكتىپى) ۋە ئىلى بىلىم يۇرتى (ئومۇمىي پەنلەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ) قاتارلىق مەكتەپلەردىمۇ بايىنبۇلاقلىق موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيتتى.

بەشىنچى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلققە ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ تۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «باندىتلار توپىلىڭى، كوممۇنىستپەرەسلەر، دىنىي يوقىتىدىغان ئالامانلار» دەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھېچقانداق مەتبەئە شارائىتى بولمىغىنىغا قارىماستىن، ئون نەچچە نەپەر ساۋاتلىق ياشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىڭ پارچىدىن ئوشۇق تەشۋىق ۋەرەقىسى يېزىپ، بۇلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا مەخپىي تارقاتتى. شۇڭا، تورغۇنلىغان ئىلغار ياشلار گومىنداڭنىڭ قامالىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرەپكە كەلدى. مەسىلەن، شۇ چاغدىكى يۇلتۇز ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ئۇلانچاغدىر شۇلارنىڭ بىر ۋەكىلى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرمۇنچە دېموكراتىك زاتلار ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارمۇ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئارقا-ئارقىدىن بايىنبۇلاققا كېلىپ، ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1947 - يىلى خوسەن كۈرە، بېيلىن كۈرە قاتارلىق لاما بۇتخانىلىرى مەخپىي تۈردە بايىنبۇلاققا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان بولدى.

يۇلتۇز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئۆتۈشتىكى ئالدىنقى سېپى بولۇپ قالغانلىقتىن، شۇنداقلا موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى يىگىنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان رايونى بولغانلىقتىن، گومىنداڭنىڭ قارا شەھەردىكى ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە يۇلتۇز خەلقىگە قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىش، ھەربىي جەھەتتە قورشاپ يوقىتىش، سىياسىي جەھەتتە

يېتىم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى قوللانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن ۋە دالىن داۋانلىرىنى گومىنداڭنىڭ 383 ـ تۇەنى كۆپ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن توساپ تۇراتتى. كۆيكەنتىك داۋىنىنى ئاقسۇ تەرەپتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى توساپ تۇرۇشتىن باشقا، يەنە دائىم كىچىك قىسىملار ۋە ئىشپىيونلارنى چېگرا جايلارغا ئەۋەتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى ۋە پاراكەندىچىلىك سالاتتى. شۇڭا، يۇلتۇز رايونىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى ھەربىي جەھەتتىن قوغداش ۋەزىپىسى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى يىگىتىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى.

موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېڭى يەرلىك چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان يېرىم مۇنتىزىم، يېرىم پارتىزان خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم ئىدى. يەككە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەتكە ماس كەلمەيدىغان، تەشكىلسىز ئىنتىزامغا ئېتىبار قىلمايدىغان ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇڭا، مۇشۇنداق بىر قوشۇننى مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي بىلىمگە ۋە جەڭ قىلىش سۈپىتىگە ئىگە ئىنقىلابىي قوشۇن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش خېلى قىيىن ئىش ئىدى. بولۇپمۇ ھەقىقىي ھەربىي بىلىمگە ۋە جەڭ قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان پەيدىن يۇقىرى كادىرلار ناھايىتى كەمچىل ئىدى. مۇشۇنداق كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ئاتلىق ئەسكەرلەر- نىڭ پەيدىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قورغاستىكى تەلىم ـ تەربىيە بازىسىدا بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەپ چىقتى. مۇشۇنداق تەربىيىلەنگەن ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىسىمنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ھەربىي سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئۇ بىر نەچچە قېتىملىق خېلى چوڭ جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلىدى. بۇ جەڭلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى — 1945 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا بولغان دەلىن داۋىنى جېڭى؛ 1946 ـ يىلى ماي ئېيىدا بولغان چاغا ئۇسمىن جېڭى؛ 1946 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا بولغان كۆيكەنتىك داۋىنى جېڭى ئىدى. ھەر قېتىملىق جەڭدە بۇ قىسىم بىردەر ئەسكەر ۋە بىرەر ئاتمۇ چىقىم تارتماستىن، مۇشۇ جايلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. جەڭلەردە دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى. يېنىك پۇلېموت، ئاپتومات، «79» تىپلىق مىلتىق بولۇپ نۇرغۇن زاما- نىۋى قورال ـ ياراقلارنى غەنىيمەت ئالدى. جەڭچىلەر غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلگەندە، يەرلىك ئامما ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، گۆش ۋە ئەرك (سۈت ھارىقى) بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. شۇ چاغدىكى ئەھۋال ناھايىتى تەسىرلىك بولغان ئىدى.

موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنىڭ نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب. ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغىنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد بولۇش يولىدىكى ھەققانىي ئىش ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېلىپ بارغىنى بولسا، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش ئاساسىدىكى ناھەق ئۇرۇش ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، خەلق ئاممىسى جەڭچىلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ياردەم بەردى. ئاندىن قالسا، قىسىم رەھبەرلىكى ئادەتتە ھەربىي مەشىق بىلەن ئىدىيىۋىي تەربىيىنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ قىسىمنىڭ جەڭ قىلىشقا ئاجايىپ ماھىر بىر كوماندىرى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى يىگىنىڭ باشلىقى كاپىتان شۆگە ئىدى. ئۇ يۇلتۇزنىڭ شەبنىر خوشۇنىدىن بولۇپ، نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، داڭدار مەرگەن بولۇپ يېتىلگەن. كېيىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، كونا ھەربىي قوشۇنلاردا ئىشلىگەن. ئۇ تۈز كۆڭۈل ۋە چىقىشقاق ئادەم بولغاچقا، ئامما ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ھەر قېتىملىق جەڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ، ئۆز بىلەن دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق ئىگىلەيتتى. شۇڭا ھەممە جەڭلەردە غەلىبە قىلماي قالمايتتى. بولۇپمۇ بىر نەچچە قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭدىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ناھايىتى بەك قايىل بولغان ئىدى.

بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەردە نۇرغۇنلىغان كۈرەش قەھرىمانلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىرى بومبۇشا، دالىدىڭ بېيىبە، داڭشى، غاجە قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقتىن، ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېداللارغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ قەھرىمان رازۋېتچىك ئالتايلىق دورجىنى ئالاھىدە ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. بۇ باتۇر جەڭچى بىر نەچچە قېتىم ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ رايونلىرىغا كىرىپ نۇرغۇن ئاخباراتلارنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي خادىملىرىدىن بىر مۇنچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىدار قىلغان. بەختكە قارشى ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ خەۋپ-خەتەردە قالغىنىدىمۇ، تەمكىنلىك بىلەن ئەقىل-پاراسەت ئىشلىتىپ، پۇت-قولىدىكى كىشەن-كويزىلارنى چېقىۋېتىپ، تۈرمىدىن قېچىپ چىققان ۋە خەلققە خىزمەت كۆرسەتكەن.

1947 - يىلى يازدا، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى 1 - لىيدىننىڭ باشلىقى غالىدىن زالىك بىلەن كاپىتان شۆگە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلدى. غالىدىن زالىكمۇ شەبىنىر خوشۇنىدىن بولۇپ، كىچىك ئەمەلدار ئىدى ھەددە باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان كىچىك زىيالىي ئىدى. شۆگەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىگە يېڭىجاڭ بولغانلىقىغا غالىدىن زالىك قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇ، ساۋاتسىز بىر چارۋىچىنىڭ قىسىمغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايتتى. ئۆزىنى بولسا مەلۇماتلىق ۋە يارامىلىق ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ شۆگەنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە نارازى ئىدى. يېڭىجاڭ شۆگە بىلەن مۇئاۋىن يېڭىجاڭ بومبۇشا ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم تەنقىد - تەربىيە بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن غالىدىن زالىك كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا شۆگەنىڭ خىيانىتى بار، بىر تال «79» مىلتىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، دەپ چېقىمچىلىق قىلدى. غالىدىننىڭ ھەربىي ئىچىدە تونۇشى بولغانلىقتىن، شەخسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق شۆگەنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىپ، يۇرتىغا قايتۇردى. غالىدىن زالىك موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىنىڭ يېڭىجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇلتۇزدىكى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىچى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر كاپىتان شۆگەنىڭ ۋەزىپىدىن بوشىتىلغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولۇشتى. بولۇپمۇ غالىدىن زالىكنىڭ يېڭىجاڭ بولغانلىقىغا كۆپچىلىك تېخىمۇ قايىل ئەمەس ئىدى. غالىدىن زالىك يېڭىجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ئىقتىدارىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، 1947 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئوئام دېگەن جاينى ساقلاۋاتقان بىرلىيەن گومىنداڭ قىسمىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان. گومىنداڭ قىسمىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قوراللىنىش ئەھۋالىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قارىسىغىلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 21 - ئاۋغۇست كېچىسى گومىنداڭ قىسمىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككى سائەتتىن ئۇزاقراق داۋام قىلغان جىددىي جەڭدىن كېيىن، دۈشمەنلەر چىداشلىق بېرەلمەي قالدى، قېچىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ياغاندىن تېرە تاراقشىتىپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك قىياپەت بىلەن شىددەتلىك تۈردە زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئېتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىككى پاي زەمبىرەك ئوقى كېلىپ غالىدىن زالىكنىڭ قوماندانلىق پونكىتىنىڭ يېنىدا ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىنىڭ ئاتلىرى ساقلانغان جىلغىدا پارتلىدى. قورقۇپ كەتكەن غالىدىن زالىك شۇئان قىسىمغا چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، بۇ قېتىمقى جەڭنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتۇردى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدىكى [illegible]

چىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. قىسىم چېكىنىپ خارغاتتىن داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈرەش قەھرىمانى دالدىلىق بىنبە غالدىن زالىپكىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەن دەپ، تازا رەسۋا قىلدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولغان قىسىمنىڭ روھى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە ئادەملەر جىددىي خاراكتېرلىك جېگەر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. قونالغۇدا قىسىم يىغىلىش قىلغاندا، ئەبج دېگەن بىر ئەسكەرنىڭ «79» مىلتىقىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ، ئۈچ ئادەم يارىلاندى. بۇ، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى قۇرۇل-غاندىن بۇيان جەڭچىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىم يارىلىنىشى ئىدى. ئەسلىدىمۇ كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن رەنجىپ تۇراتتى، بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن يارىلانغانلىقىنى كۆرگىنىدە، كۆپچىلىكنىڭ روھىي كەيپىياتى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى جاڭ جىژجوڭ ئەپەندىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھ-بىتى ئۆتكۈزدى. بايىنبۇلاق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى نىمە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ سۆھبەتكە قاتناشتى. تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يۇلتۇز ناھىيىسىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى مىللىي ئارمىيىنىڭ باشلىقى گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تارقىتىۋېتىلدى.

## بايىنبۇلاقنىڭ 1947 - يىلدىن كېيىنكى كۈرەش ۋەزىيىتى

1947 - يىلدىن ئىلگىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بايىنبۇلاق خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا، ئاساسەن ھەربىي جەھەتتە قورشاپ يوقىتىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىش فاڭجېنىنى قوللانغان ئىدى. لېكىن بۇ تۆت يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەربىي باستۇرۇش، ئىقتىسادىي قاماللارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق تۇردە يوقىرىدىكى فاڭجېننى قوللىنىشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. يەنى ھەربىي جەھەتتە باستۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىشنى تەڭ قوللىنىش فاڭجېنىنى ئىشپىيون ئەۋەتىپ ئىنقىلابىي كۈچلەر ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش فاڭجېنىغا ئۆزگەرتتى.

بايىنبۇلاقتا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى نۇرغۇن ئىلغار ياشلارنى، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان ئىدى. ئۇلار ئىچىدىن بىر مۇنچە كىشىلەر ئىنقىلابىي خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئويناۋاتاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە بىر مۇنچە ئىشپىيونلارنى كىرگۈزدى. مۇشۇ ئىشپىيونلاردىن بىر مۇنچىسى بايىنبۇلاققا كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كۈچلەرگە مەسىلىسىنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇپ، يامان يولدىن قايتىپ ياخشى يولغا ماڭدى. لېكىن بەزى ئىشپىيونلار ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. مەسىلەن، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىشپىيون جامۇرۇك يېڭى يېتىپ كەلگەن چېغىدا ئۆزىنى ئىنقىلابچى دەپ نىقابلىنىۋېلىپ «مەن ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغانلىقىم ۋە قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن گومىنداڭ ساقچى پەيچۇسىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك سوجاڭىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم» دېگەن ئىدى. جامۇرۇك بۇ يەرگە ئورۇنلىشىۋېلىپ بىر مەزگىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيىتىنى باشلىدى. ئۇ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — باندىتلارنىڭ ئىسيانى، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان، كەلگۈسىدە كوممۇنىستلىشىدۇ، دىننى يوقىتىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى. شۇڭا، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇنى دەرھال قولغا ئېلىپ، ئىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئىلىدىكى تۈرمىدە جامۇرۇك يەنە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قانداقتۇ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇپ، قانۇنغا بويسۇنغاندەك ساختا قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ۋە بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنۇپ، چوڭ يۇلتۇز رايونىدا ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى قۇرغانمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ تاپشۇرغانلىرىغا ئاساسەن، ئىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بايىنبۇلاققا ئادەم ئەۋەتىپ چوگدۇن كانىبۇ، يىمگىيىڭلاما، ئاراگۈزدە، دالغىرزالىڭ، چىممىتزالىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى ھەمدە بۇ كىشىلەرنى قىيىن-قىستاق قىلدى. قولغا ئېلىنغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى بولۇپ، كۆپ قىسمىنىڭ ئامما ئىچىدە ئابرويى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. چوگدۇن كانىبۇ قاتارلىقلار قاتتىق قىيىن-قىستاق ئاستىدىمۇ راستچىل بولۇپ، ئىشپىيون ئويدۇرۇپ چىقارغان پاكىتلارنى ئېتىراپ

قىلمىدى. ئاخىرىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىگۇنا ئادەملەرنى قويۇۋې-
تىشكە مەجبۇر بولدى، جامسۇرۇڭنىمۇ قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەنزە يېشىلمەي
قالدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىشپىيونى
جامسۇرۇڭنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلاندى، ئۇ خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا
ئېلىنىپ، قانۇن بويىچە تەگەك بىلەن ئۆزگەرتمەس جازاسىغا تارتىلدى.

## ئىنقىلابى خەلقنىڭ غەلىبىلىك ئۇچرۇشى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئۇرۇشى ئارمىيىسى پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ھەمدە مەركىزىي غەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پېڭ دېخۇەي
سانگيۇەننىڭ قوماندانلىقىدا، غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ چېگرىغا بېسىپ
كەلگەن ۋەزىيەتتە، سابىق گومىنداڭنىڭ 22 - بىڭتۇەن سانگيۇەنى گېنېرال تاۋسىيۈ
ۋە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشلامچىلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئۇرۇشى
ئارمىيىسىنىڭ 2-، 6-كورپۇسلىرى بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا كىردى. سابىق
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە
سىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ
تۈزۈلدى.

موشۇنداق چوڭ ياخشى ئىنقىلابىي ۋەزىيەتتە، سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمران-
لىق قىلغان خېجىڭ ناھىيىسىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قورۇقلاۋۇق ئارمىيە 6 -
شىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەكسىيەتچىل باۋ - جيا تۈزۈمى بىتچىت قىلىنىپ، خېجىڭ
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ئىلگىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن خېجىڭ
ناھىيىسى بىلەن يۇلتۇز ناھىيىسى ھەقىقىي رەۋىشتە يەنە بىرلەشتۈرۈلۈپ، خېجىڭنىڭ
ناھىيە تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1950 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا، جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى قارا شەھەر يەرلىك خىزمەت كومىتېتى قارا شەھەر ۋىلايەت-
لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى باينىكىشىكنى، جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى خېجىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىي جېنىنى،
خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شەۋجېننى نۇرغۇن ئادەم بىلەن باينبۇلاققا ئەۋەتتى.
ئۇلار خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە

سابىق يۇلتۇز ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چياڭ زىدېنى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدەك سابىق يۇلتۇز ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئىدارە ۋە ئورۇنلىرىدىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. بايىنبۇلاق رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، گودېجېنى بايىنبۇلاق رايونلۇق خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، نىمەنى بايىنبۇلاق رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بۇ كۆرەش تارىخىي پۈتكۈل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئوخشاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەش تارىخىغا پۈتۈلۈپ. خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ خاتىرىلەنگۈسى.

ئىزاھلار:

١ ساغانەيرىن: ساتىن خوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ساۋاتلىق ئادەم. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە قەبىلە ئاقساقىلى. 1948 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

٢ چياڭ زىدې: مىللىتى زاڭزۇ. 1935 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ. ھەزرىتى بەنچەننىڭ بايىنبۇلاقتىكى مال - مۈلكىگە خوجىدارلىق قىلغان. بۇ كىشىنىڭ ئىلىدا نۇرغۇن دوست - بۇرادەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلارمۇ بار ئىدى. چياڭزىدې كېيىن خېجىڭ ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قارا شەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈم باشلىقى بولغان.

٣ يېگىمەنلاما: ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۆرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

٤ ئاراگۈزدە: بارۇن خوشۇنىنىڭ باشلىقى. دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر زات. ئازادلىقتىن كېيىن بارۇن يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن كېسەل بىلەن قازا تاپقان.

٥ دورجى ئارامەيرىن: ساتىن خوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىدە خىزمەت كۆرسىتىپ. كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن.

٦ ساتۇن گەشگۈ: دىنىي زات. پاتىخ باتۇرنىڭ يېقىن دوستى. كېيىن ئىلىقا ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ھازىر مۇشۇ ناھىيىلىك

سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ
ئەزاسى، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات.
⑦ نىمە : يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالى. تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسىنى پۈتتۈر-
گەن. ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن ئۈرۈم-
چىدە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان. گومىنداڭ
تەقىپ قىلغاندا ئەمەس، تاماقچى بولغاندا يۇرتىغا قايتقان. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا قاتناشقان. بايىنبۇلاق رايونىنىڭ باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق چارۋى-
چىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1965 - يىلى چارۋا رايون خىزمەت گۇرۇپپى-
سىنىڭ باشلىقى بولغان. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي رايونىدا ئىشلەش داۋا-
مىدا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى قوزغىلىش بىلەن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ۋاپات
بولغان.
⑧ بوتۇ : شەبنىر خوشۇنىدىن، دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە زىيالى، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.
⑨ شۆگە: شەبنىر خوشۇنىدىن. نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان؛
ئوۋچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. خوشۇن بويىچە داڭلىق مەرگەن. ئەسكەر
بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. ئەقىل - پاراسەت-
لىك ۋە تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندان.
⑩ ۋۇجىمگېبىن : بېيجىڭلىق. كونا تۇرغۇت ئايمىقىنىڭ خەنۋاڭى مانسىكجاپنىڭ
رەپىقىسى. بايىنغولىندىكى تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ كاتتىبېشى.
⑪ ئەردېنى: زىيالىي. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭ
قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.
⑫ داخبتيەن : زىيالىي، كونا ئەمەلدار.
⑬ باسىن : زىيالىي، كونا ھەربى، ئىقتىدارلىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە
ھەربىي قوماندان، ساتىن خوشۇنىدىن. ئائىلىسى بايىنبۇلاقتا ئولتۇرۇدۇ. ئازادلىق-
تىن كېيىن بايىنبۇلاق رايونىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ
باشلىقى بولغان.
⑭ بوتەنشىلىك: مۇتەھەم لۈكچەك، كونا ھەربىي. ساتىن خوشۇنىدىن.
⑮ بومبۇشا: ساۋاتسىز، كۈرەش قەھرىمانى.
⑯ غالدىن زالىڭ :زىيالىي. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ياش. چارۋىدار ئائى-
لىسىدىن كېلىپ چىققان . ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى-
دىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ خۇسۇسىي تەرەپ فېرما باشلىقى بولغان.

⑰ تۆمۈر زالىك: بارۇن خوشۇنىدىن، ئۇلانخاد جىڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

⑱ باسىنخارا: ئىلقىلىق موڭغۇل، قازاقچىنى ئوبدان بىلىدۇ.

⑲ زوردۇن ئاخۇن: ئۇيغۇر. ئەسلىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئىدى. موڭغۇل تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ.

⑳ نامسرا: بورتالالىق، چاخار قەبىلىسىدىن، ياش ئىنقىلابىي زىيالىي.

㉑ جۇماي ئىلىلىق قازاق، زىيالىي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن كۈرەش قەھرىمانى.

㉒ دەيجە: بۆرۈن خوشۇنىدىن، ساۋاتسىز.

㉓ شولا ئاراشى: دۆنۆر خوشونىدىن. ساۋاتسىز.

㉔ تېكىلغان بايرىمى: ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوبو بايرىمىغا ئوخشايدۇ. نادۇم مەركىسى خاراكتېرىدە.

㉕ ئانغا: زىيالىي، موڭغۇل مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چوڭ تۆھپە قوشقان.

㉖ ئۇلانچاغدىر: شىڭ شىسەي دەۋرىدە ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. گومىنداڭنىڭ ساقچى ئىدارىلىرىدا كۆپ يىل ئىشلىگەن. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشۇلغان. يۈلتۈز ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە بۆلۈم باشلىقى بولغان. كېيىن باينغولىن سىغەن مەكتىپىگە مۇدىر بولغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن.

㉗ خۇسەن كۈرە: ساتىن خوشۇنىدىكى لاما بۇتخانىسى. 500 دىن كۆپرەك راھىپى بار چوڭ ۋە باي بۇتخانا. 30 مىڭدىن ئوشۇق قويى، 3000 دىن ئوشۇق يىلقىسى، 5 يۈزدىن ئوشۇق كالىسى، ئىككى يۈزدىن ئوشۇق تۆگىسى بار ئىدى. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلىدە بۇ بۇتخانا دۆلەتكە ئون مىڭ سەر كۈمۈش ۋە يۈز سەر ئالتۇن ئىئانە قىلغان.

㉘ بېيلىن كۈرە: دۆنۆر خوشۇنىدىكى لاما بۇتخانىسى، يۈزدىن ئوشۇق راھىپى بار ئىدى.

㉙ موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭدە ئېتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ.

㉚ باينكىشىك: جىڭ ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولغان.

قاسىم خوجا تەرجىمىسى